# شى جىنپىڭ رۇسىيە ئاساسىي ئېقىم ئاراتقۇلىرىنىڭ بىرلەشمە زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

**جاۋاب:** ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى كۈنسايىن چوڭقۇرلاپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. 2018 ـ يىلى، ئىككى تەرەپلىك سودا سوممىسى 100 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ، تارىختىي يېڭى رېكورت ياراتتى. نۆۋەتتە خەلقئارا سودا ۋە سېلىنما پەسكويغا چۈشۈپ، قورۇقچىلىق كۈچەيگەن مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكى تېخىمۇ قىممەتلىك. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەت تارماقلىرى تېخىمۇ پائال تەدبىر قوللىنىپ، ئىككى تەرەپلىك سودا سوممىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ، ئىككى تەرەپلىك سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولماقتا.

نۆۋەتتە، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە، قاتناش، يېزا ئىگىلىكى، ئاۋىياتسىيە ـ ئالەم قاتنىشى قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇھىم، زور ھەمكارلىق تۈرلىرى مۇقىم يولغا قويۇلۇپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە نېفىت تۇرۇبىسى ھەم ئۇنىڭ قوش لىنىيەسى ئوڭۇشلۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، جۇڭگو ـ رۇسىيە شەرقىي لىنىيە تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى پات ئارىدا پۈتۈپ تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەيدۇ، خېيخې تاشيول كۆۋرۈكى، تۇڭجياڭ تۆمۈر يول كۆۋرۈكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتاشتۇرۇلدى، يىراق مۇساپىلىك كەڭ گەۋدىلىك يولۇچىلار ئايروپىلانى، ئېغىر تىپتىكى تىك ئۇچارنى بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتى مۇقىم ئالغا سىلجىتىلدى، سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى ھەمكارلىق نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى تەرەققىيات تېز يولغا كىرىپ، كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈمىدكە تولدى.

يەرلىك ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى قاتلىمىدا، ئىككى دۆلەتتىكى يەرلىك 2018 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە بولغان جۇڭگو ـ رۇسىيە يەرلىكنىڭ ھەمكارلىق ـ ئالماشتۇرۇش يىل پۇرسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى قاتارلىق ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىق سۇپىلىرى ۋە «شەرقىي شىمال ـ يىراق شەرق»، «چاڭجياڭ دەرياسى ـ ۋولگا دەرياسى» قاتارلىق يەرلىك ھەمكارلىق سۇپىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئالاقىنى پائال قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد ـ سودا، سېلىنما قاتارلىق ئەمەلىي ھەمكارلىقنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتتى. ئىككى تەرەپ يىراق شەرق رايونى ھەمكارلىق تەرەققىيات يىرىك پىلانى(2018 ـ يىلدىن 2024 ـ يىلغىچە) ۋە شەرقىي شىمال ـ يىراق شەرق ھەم بايقال رايونى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ئىمزالىدى، «چاڭجياڭ دەرياسى ـ ۋولگا دەرياسى» سۈپىسىدا نۇقتىلىق سېلىنما تۈرلىرى تىزىملىكىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئىككى دۆلەتتىكى يەرلىكنىڭ ئۆزىنىڭ كەسىپ تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈنۈملۈك سۇپا بىلەن تەمىنلىدى.

ئەلۋەتتە، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىدا يەنە بەزى كونكرېت مەسىلىلەر مەۋجۇت. مەن شۇنى تەكىتلىمەكچىكى، بۇ مەسىلىلەر ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىشى، ئۆزئارا يۈغۇرۇلۇشىنىڭ كۆنسېرى چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان. مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشنىڭ يولى ــ پىكىر يولىدا يېڭىلىق يارىتىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، ھەمكارلىق ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئۆزئارا سېلىنما، بازار ئىجازىتىنى كېڭەيتىپ، سودا ۋە سېلىنمىنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسى، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، مۇلازىمەت سودىسى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئەت «تورت»ىنى زورايتىپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە قەدەم قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

**سوئال:** سىز جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەن 40 يىلدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، جۇڭگو دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ھەمدە ياسىمىچىلىق، مال سودىسى، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى جەھەتتە بىرىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. 2018 ـ يىلى، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 90 تىرىليون يۈەن خەلق پۇلى ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلاشتى، ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 6.6% بولۇپ، دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 30% ئەتراپىدا بولدى.

بۇ يىلدىن بۇيان، دۇنيا ئىقتىساد ئېشىش ۋە خەلقئارا سودا سەل ـ پەل ئاستىلاشتەك چوڭ مۇھىت ئالدىدا، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ باشلىنىشى ياخشى بولدى، ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ مۇۋاپىق ئارىلىقنى ساقلىدى. 1 ـ پەسىلدە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6.4% ئېشىپ، ئۇدا 14 پەسىل ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 6.4% تىن 6.8% كىچە بولغان ئارىلىقنى ساقلاپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەكشى، مۇقىم ئېشىش ھالىتى داۋاملاشتى، ئىچكى ئىستېمال ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسىي موتورلۇق رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇردى؛ ئىشقا ئورۇنلىشىش سېجىل ئېشىپ، ئالدىنقى تۆت ئايدا شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 4 مىليون 590 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، ئاھالىلەر كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىن سەل ـ پەل تېز بولدى؛ مال باھاسى سەۋىيەسى ئومۇمەن مۇقىملىقنى ساقلىدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھاسى مۆتىدىل بولۇپ، 2% ئاشتى؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.3% ئېشىپ، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 3 تىرىليون دوللاردىن يۇقىرى سەۋىيەنى ساقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئەلالاشقاندۇ، تەرەققىيات ئۇسۇلى ئۆزگەرگەنۋاتىدۇ، سۈپەت ـ ئۈنۈمى ئۆسۈۋاتىدۇ، مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى تېخىمۇ روشەنلىشىۋاتىدۇ.

مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاق مۇددەت ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش جۇڭگو ئىقتىسادىدا ئۆزگەرمىگەن ھەمدە ئۆزگەرمەيدىغان زور يۈزلىنىش. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام، ئىمكانىيەتلىك سېجىل تەرەققىياتى يېتەرلىك تىرەك ۋە شارائىتى ھازىرلىغان. بىرىنچىسى بايلىق يوشۇرۇن كۈچى، جۇڭگو 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن ئاھالىگە، 900 مىليون ئەمگەك كۈچىگە، ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ۋە تېخنىكا ماھارىتى بار 170 مىليون ئىختىساسلىقلار بايلىقىغا، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ ئوتتۇرا كىرىملىكلەر توپىغا، 100 مىليوندىن ئارتۇق بازار سۇبيېكتىغا ئىگە؛ ئىككىنچىسى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئاساسلىقى ئىچكى ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسىگە تايىنىدۇ، 2018 ـ يىلى ئىچكى ئېھتىياجنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 108.6% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاخىرقى ئىستېمالنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 76.2% كە يەتتى؛ ئۈچىنچىسى تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى، جۇڭگونىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنمىسى پۈتۈن يەر شارى رەت تەرتىپىدە 2 ـ ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 2.18% نى ئىگىلىدى، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر، تەڭپەرۇرە ئىقتىساد قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ئۈزلۈكسىز زورايدى؛ تۆتىنچىسى تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بار، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى بېجىرىدىغان سىياسىي ئەۋزەللىك بار، ھەممە بىر نىيەتتە ئىرادىدىن سىپىل ھاسىل قىلىدىغان مىللىي روھ بار، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى سېجىل، يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتتا جۇغلانغان مول ماددىي تېخنىكا ئاساسى بار، غايەت زور تەرەققىيات ئېلاستىكلىقى، يوشۇرۇن كۈچى، قالدۇرغان ئىمكانىيىتى بار، مول ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش تەجرىبىسى ۋە يېتەرلىك سىياسەت بوشلۇقى بار، بىزنىڭ تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشقا تامامەن شارائىتىمىز، ئىقتىدارىمىز، ئىشەنچىمىز بار.

**سوئال:** بۇ يىل 4 ـ ئايدا سىز 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتىڭىز. سىز ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقىنى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟ شىمالىي قۇتۇپ سۇ يولىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە قانداق باھا بېرىسىز؟ جۇڭگو تەرەپ شىمالىي قۇتۇپ سۇ يولى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق قاتنىشىدۇ؟

**جاۋاب:** جۇڭگو تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ مەقسىتى ــ دىققەتنى ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش. بۇ يىل 4 ـ ئايدا، 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول»خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى، ھەرقايسى تەرەپلەر ئالاقىدار قارارلارلار توغرىسىدا چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ھەمكارلىق ئىدىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەمكارلىق مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەمكارلىق مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورتاق قۇرۇشتا كەڭ دائىرىلىك ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. مېنىڭ تەكلىپىمگە بىنائەن، زۇڭتۇڭ پۇتىن ئۇدا ئىككى نۆۋەت جۇڭگوغا كېلىپ «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىگە قاتناشتى، جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ.

«بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقىنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىگە كۈچ چىقارىدۇ، رايوننىڭ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇشىغا، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ چىقارىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ نۇرغۇن ھەمكارلىق ساھەسىدە كەڭ ئورتاق مەنپەئەتى بار. 2015 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، مەن زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشى بىلەن ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى قۇرۇلۇشىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقى بىرلەشمە باياناتى»نى ئورتاق ئىمزالاپ، ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقى يولىنى ئاچتۇق. بۇلتۇر، جۇڭگو ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇ، ئىككى تەرەپ ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقىدا تاشلىغان مۇھىم بىر قەدەم، شۇنداقلا ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك مۇھىم ھاسىلاتى بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. كېيىنكى قەدەمدە، بىز رۇسىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، «ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى» سۆھبىتىگە پائال تۈرتكە بولۇپ، رايون سودىسى ۋە سېلىنمىنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ۋە شۇ رايوننىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى خالايمىز.

شىمالىي قۇتۇپ سۇ يولىنى ئېچىش ـ پايدىلىنىش «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى يېڭى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇنىڭغا يېڭى سۈپا قوشىدۇ، يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ، بۇ، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق. بەختەرلىك ۋە مۇھىت ئاسراش شىمالىي قۇتۇپ سۇ يولىنى ئېچىشتا ئىنتايىن مۇھىم. جۇڭگو تەرەپ مۇناسىۋەتلىك جۇڭگو كارخانىلىرىنى ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، سۇ يولىنى تاۋارلاشتۇرۇپ يۈرۈشتۈرۈشكە ۋە شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئەمەلىي تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر بېشىل بولۇش، مۇھىت ئاسراش ھەمدە ئېچىش ـ پايدىلىنىشنىڭ ئىمكانىيەتلىك سېجىل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ قوش پايدا ئېلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ كۆپ تەرەپ پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك، بۇ، ھەم جۇڭگو ـ رۇسىيە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، ھەم دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

**سوئال:** سىز جۇڭگو ـ رۇسىيەنىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ۋە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رامكىسىدىكى ھەمكارلىقىغا ھەمدە كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ۋە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا قانداق باھا بېرىسىز؟

**جاۋاب:** ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتەك كېسەك ئالتۇن روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد ـ سودا، مالىيە ـ پۇل مۇئامىلە، سىياسىي خەۋپسىزلىك، ئادەمىيەت ئالاقىسى ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقئارا ئىشلاردىكى ئاكتىپ، مۇقىم، ئىجابىي مۇھىم كۈچكە ئايلاندى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھەمكارلىق يولى ماشغانسېرى كېڭىيىپ، كەلگۈسى ئۈمىدكە تولىدۇ.

رۇسىيە كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىنىڭ باشلانغان جايى. 2009 ـ يىلى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى يېكاتېرىنبۇرگدا تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ، كېسەك ئالتۇن ھەمكارلىقىنىڭ تارىخىي سەھىپىسىنى ئاچقان. 2015 ـ يىلى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇفا ئۇچرىشىشى «كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي ھەمراھلىق ئىستراتېگىيەسى»نى ماقۇللاپ، بەش دۆلەت ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىدىكى نامايەندىگە ئايلانغان.

بىز ئوخشاش بولمىغان قۇرۇلۇقتا تۇرساقمۇ، بىراق ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشتەك ئورتاق ئىنتىلىش ھەمدە خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدا تېخىمۇ زور رول ئويناشتەك ئورتاق ئارزۇ بىزنى بىر يولغا باشلىدى.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلدى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا پۇرسەتمۇ بار، خىرىسمۇ بار. بەش دۆلەت تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ھەمدەم بولۇپ، كېسەك ئالتۇن ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە تەرەققىيات بوشلۇقىنى قوغداپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئىلگىرىلەش ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. بۇ يىل 11 ـ ئايدا، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى بىرازىلىيەدە ئۇچرىشىش ئۆتكۈزىدۇ. مەن شۇنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بەش دۆلەت بىرازىلىيە ئۇچرىشىشىدا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، ئىككىنچى «ئالتۇن ئون يىل» ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ يېڭى پۇختا قەدەم تاشلايدۇ.

جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەت ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھى، ئوخشاشلا كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ مۇھىم ئەزالىرى. ئىككى تەرەپ ئىزچىل كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رامكىسىدا زىچ ئالاقە ۋە ماسلىشىشنى ساقلىدى. رۇسىيە تەرەپ كېلەر يىلى كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ رەئىس دۆلىتى بولىدۇ، جۇڭگو تەرەپ رۇسىيە تەرەپ بىلەن ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ھەر نۆۋەتلىك رەئىس دۆلەتلىرىنىڭ داۋاملىق تىرىشچانلىقىدا، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ھەمكارلىقىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، بەش دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ زور بەخت يارىتىشنى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى تەرەپنىڭ يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئورتاق كۈچ چىقىرىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى ۋە پايدىلىق سۈپىسى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغان 18 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەت زىچ ماسلاشتۇرۇپ ۋە ماسلىشىپ، تەشكىلاتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، رايوننىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. مېنىڭچە، ئىككى دۆلەتنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رامكىسىدىكى ھەمكارلىقى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچىدىن، باشتىن ـ ئاخىر «شاڭخەي روھى»نى ئەۋج ئالدۇرۇشنى كۆزلەش. ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، باراۋەر بولۇش، كېڭىشىش، كۆپ خىل مەدەنىيلىككە ھۆرمەت قىلىش، ئورتاق تەرەققىياتنى كۆزلەشتەك «شاڭخەي روھى» شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق ئىدىيەسى. جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى تەرەپ باشقا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ، مەدەنىيلىك توقۇنۇشى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇش تەپەككۇرى، نۆل يىغىندىلىق سىنىشىش قاتارلىق كونا قاراشلارنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاپ، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك، قارشىلاشماسلىق، ئۈچىنچى تەرەپكە قارىتىلماسلىقتەك ئىجابىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي بولغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى.

ئىككىنچىدىن، باشتىن ـ ئاخىر ئەزا دۆلەتلەرنىڭ خەۋپسىزلىك ۋە تەرەققىيات مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆزلەش. مۇقىملىقنى كۆزلەش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش رايون دۆلەتلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى تەرەپ باشقا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ، سىياسىي، خەۋپسىزلىك، ئىقتىساد، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى خەۋپسىزلىك تەھدىتى ۋە خىرىسقا مۇۋاپىق تاقابىل تۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى قاتارلىق رايون ھەمكارلىق تەشەببۇسى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرى بىلەن ئۇدۇللىشىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، رايون يۈغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، رايوننىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تەڭداشسىز رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئۈچىنچىدىن، باشتىن ـ ئاخىر شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا تەسىرىنى ئۆستۈرۈشنى كۆزلەش. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ياۋروپا ـ ئاسىيا رايونىدىكى مۇھىم ئىجابىي كۈچ. جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى تەرەپ باشقا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ، خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىغا كەڭ قاتنىشىپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشنى قوللاپ، خەلقئارا تەرتىپنىڭ تېخىمۇ ھەققانىي، مۇۋاپىق بولغان يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت دەۋر ئېقىمىغا ئۇيغۇن بولۇپ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. بۇلتۇر چىڭداۋ باشلىقلار يىغىنىدا، ھەرقايسى تەرەپلەر بىرلىكتە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تارىختىي يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدەك تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى سىزىپ چىقتى. بۇ يىللىق بىشكەك باشلىقلار يىغىنى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى. جۇڭگو تەرەپ رۇسىيە تەرەپ قاتارلىق ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا ۋەزىيەتكە تېخىمۇ كۆپ مۇقىملىق ۋە ئاكتىپ كۈچ قوشۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تۆھپىسى»نى قوشۇشنى خالايدۇ.

**سوئال:** سىز زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن بولغان شەخسىي دوستلۇقىڭىزغا قانداق باھا بېرىسىز؟

**جاۋاب:** 2013 ـ يىلدىن بۇيان، مەن زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك سورۇنلاردا 30 قېتىمغا يېقىن ئۇچراشتىم، كۆپ قېتىم تېلېفونلاشتۇق ۋە ئۆزئارا خەت ئالاقىسى قىلدۇق. مەن دائىم زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن بولغان ھەر قېتىملىق ئالاقىنى خۇشاللىق بىلەن ئەسلەيمەن. بىز ئەڭ كەڭ دائىرىلىك قارالمىلار ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردۇق، بۇلار ھەم خەلقئارا ۋەزىيەت، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم ئەدەبىيات، سەنئەت، تەنتەربىيە قاتارلىق ئەركىن ـ ئازادە پاراڭ تېمىلىرىغا چېتىلىدۇ. بىز بىرلىكتە يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇردۇق، بىرلىكتە جۇڭگو ـ رۇسىيە ياشلار، ئۆسمۈرلەر مۇز توپ دوستلۇق مۇسابىقىسىنى كۆردۇق، بالى ئارىلىدا تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلىدۇق، تەرەپلەر دۆلەتلىرىنىڭ مۇھىم بايراملىرىدا تېلېفونلىشىپ ياكى خەت ئەۋەتىپ ئۆزئارا تەبرىكلىدۇق، بىز يەنە تەرەپلەر دۆلەتلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشتۇق... زۇڭتۇڭ پۇتىن مېنىڭ ئالاقەم ئەڭ قويۇق بولغان چەت ئەللىك خىزمەتدىشىم، ئەڭ يېقىن سىرداش دوستۇم، مەن زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن بولغان بۇ چوڭقۇر دوستلۇقنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن.

مېنىڭ زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم يۈكسەك دەرىجىدە ئۆزئارا ئىشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغان، بۇ، بىزنىڭ چىن، سەممىي دوستلۇقىمىزنىڭ پۇختا ئاساسى. بىز ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، سەممىي مۇئامىلە قىلدۇق، ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا ئىشەندۇق. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى دۇنيا چوڭ ۋەزىيىتىگە بولغان قارىشىمىز ئوخشىشىپ كېتىدۇ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى ئىدىيەمىز ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز تەرەققىياتى، گۈللىنىشىدە تارىختىي مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئالغان. ئەڭ مۇھىمى، بىز جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىگە قارىتا يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك تونۇشقا ئىگە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ سېجىل، چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا قارىتا ئورتاق ئىرادە ۋە ئارزۇغا ئىگە. مەن زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشكە ئورتاق يېتەكلەپ، جۇڭگو بىلەن رۇسىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ بەختى، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشنى خالايمەن.

**سوئال:** سۇرىيە ۋەزىيىتى مۇقىملىشىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. سۇرىيە ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم بايانات ئېلان قىلىپ، ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە زىيانغا ئۇچرىغان ئۇل ئەسلىھەلەرنى تېزدىن قايتا قۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇڭگو تەرەپنىڭ سۇرىيەنى قايتا قۇرۇشقا قاتنىشىش ئويى بارمۇ؟ يېقىندىن بۇيان ۋېنېزۇئېلا ۋەزىيىتى داۋاملىق كەسكىنلەشتى. جۇڭگو تەرەپ ۋېنېزۇئېلا ۋەزىيىتىگە قانداق باھا بېرىدۇ؟ ئامېرىكا بىلەن ئىراننىڭ سىياسىي قارشىلىشىشى سېجىل كۈچەيدى، پارس قولتۇقى ۋەزىيىتى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى، جۇڭگو تەرەپ ئىران يادرو مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىستىقبالىغا قانداق قارايدۇ؟

**جاۋاب:** سۇرىيە ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەدەنىي دۆلەت، شۇنداقلا ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى مۇھىم دۆلەت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سۇرىيە ۋەزىيىتى سېجىل داۋالغۇپ، ئۇل ئەسلىھەلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، خەلق ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولدى، بىز بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلاندۇق. نۆۋەتتە، سۇرىيە ۋەزىيىتى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش مۇساپىسى ئالغا سىلجىۋاتىدۇ، سۇرىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىمۇ يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. جۇڭگو ـ سۇرىيە ئىككى دۆلەت خەلقى ئەنئەنىۋى دوستلاردىن، جۇڭگو قۇربى يەتكەن دائىرىدە سۇرىيەنى قايتا قۇرۇشقا قاتنىشىپ، سۇرىيە خەلقىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تىرىشىپ ياردەم بېرىشنى خالايدۇ.

ۋېنېزۇئېلا مەسىلىسىدە، جۇڭگو تەرەپنىڭ مەيدانى ئۆزگەرمەس ۋە ئېنىق. بىز باشتىن ـ ئاخىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى قوغداشنى چىقىش قىلىپ، ئالاقىدار مەسىلىلەردە ۋېنېزۇئېلا ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئاساسىي قانۇن رامكىسى ئىچىدە سىغدۇرۇشچان سىياسىي سۆھبەت ئارقىلىق ئۆز ئالدىغا كېڭىشىپ ھەل قىلىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تاشقى ئارىلىشىش ۋە بىر تەرەپلىمە جازاغا قارشى تۇرىمىز، قورال كۈچى ئىشلىتىش ياكى قورال كۈچى ئارقىلىق تەھدىت سېلىشقا قارشى تۇرىمىز. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە ۋېنېزۇئېلا مەسىلىسىدە ئاكتىپ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىنچلىققا دەۋەت قىلىش، سۆھبەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خەلقئارا ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى ئورتاق قوغداپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پىرىنسىپىنى قوغداپ، رايون تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ، ۋېنېزۇئېلانىڭ نورمال تەرەققىيات يولىغا بالدۇرراق قايتىشىغا ياردەم بېرىشنى خالايدۇ.

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ ئىرانغا قارىتا «چېكىدىن ئاشقان بېسىم ئىشلىتىش»ى ۋە بىر تەرەپلىمە جازا قوللىنىشى سەۋەبىدىن، ئىران يادرو مەسىلىسى، ھەتتا پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، يۇقىرى ئۆرلەپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدى. ئىران يادرو مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك كېلىشىمى كۆپ تەرەپچىلىكنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، خەلقئارا يادرونى كېڭەيتمەسلىك سىستېمىسى ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىدا ئىنتايىن مۇھىم، ھۆرمەتلىنىشى ۋە مۇكەممەل، ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىران يادرو مەسىلىسىدىكى قارىشى ۋە مەيدانى يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئاقىلانىلىكنى ساقلاپ ۋە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، سۆھبەتلىشىش، كېڭىشىشنى كۈچەيتىپ، نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى تەرەپ زىچ ھەمكارلىشىشنى ساقلاپ، ئالاقىدار ۋەزىيەتنىڭ ياخشى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نوپۇزىنى قوغدايدۇ، خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى قوغدايدۇ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. جۇڭگو تەرەپمۇ ئۆزىنىڭ يوللۇق قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى داۋاملىق قەتئىي قوغدايدۇ.